2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە خەۋىرى

ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

# ئەتراپلىق، دىيالېكتىك، يىراقنى كۆرىدىغان نەزەر بىلەن ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ كرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش، ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دۆلىتىمىز ئىقتىسادى تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىدىغان، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرىدىغان، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى ئالماشتۇرىدىغان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستىقبالى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، لېكىن قۇرۇلما خاراكتېرلىدىكى، تۈزۈلمە خاراكتېرلىدىكى، دەۋرىيلىك خاراكتېرلىدىكى مەسىلىلەرنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىشى ئېلىپ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە، بۇنىڭغا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ زەربىسى قوشۇلۇپ، ھازىر دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۈرۈشۈشى بىرقەدەر زور بېسىمغا دۇچ كەلدى. بىز يەنە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىشى، خەلقئارا سودا ۋە سېلىنمىنىڭ زور ھەجىمدە تارىيىشى، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ داۋالغۇشى، خەلقئارا ئالاقىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىنىڭ تەتۈر ئېقىمغا ئۇچرىشى، بەزى دۆلەتلەردە قورۇقچىلىق ۋە يەككە تەرەپچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى، جۇغراپىيەلىك سىياسىي خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئۆرلىشى قاتارلىق پايدىسىز ۋەزىيەتكە يۈزلىنىشىمىز، جەزمەن تېخىمۇ مۇقىمسىز، ئېنىقسىز بولۇۋاتقان دۇنيادا دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزلىشىمىز كېرەك. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى يېتەرلىك، ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك، ئايلىنىش بوشلۇقى چوڭ، سىياسەت قورالى كۆپ بولۇشتەك ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئۆزگەرمىدى. دۆلىتىمىز يەر شارى بويىچە ئەڭ مۇكەممەل، كۆلىمى ئەڭ چوڭ سانائەت سىستېمىسىغا، كۈچلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا، مۇكەممەل يۈرۈشلەشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە، 100 مىليوندىن ئارتۇق بازار سۇبيېكتى ۋە 170 مىليوندىن ئارتۇق ئالىي مائارىپ تەربىيەسى ئالغان ياكى تۈرلۈك كەسپىي ماھارەتنى بار ئىختىساسلىقلارغا ئىگە، يەنە 400 مىليوندىن ئارتۇق ئوتتۇراھال كىرىملىك كىشىلەر توپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇستىن شەكىللەنگەن دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك ئىچكى ئېھتىياج بازىرى بار، يېڭىچە سانائەتلەشتۈرۈش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تېز تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرماقتا، مەبلەغ سېلىش ئېھتىياجىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك ئورتاق تەرەققىي قىلىش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، كۆپ خىل تەقسىمات شەكلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى قاتارلىق سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم ھەم تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشقا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق، ھەم ئۈنۈم بىلەن ئادىللىقنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق بېيىشنى ئۈزلۈكسىز ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. كەلگۈسىگە يۈزلەنگىنىمىزدە، بىز ئىچكى ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنى تەرەققىياتنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىپ، مۇكەممەل ئىچكى ئېھتىياج سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەم باشقا جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، رەقەملىك ئىقتىساد، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىق، ھاياتلىق ۋە ساغلاملىق، يېڭى ماتېرىيال قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى، ئېشىش قۇتۇپىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىملەش، ئوبوروت، ئىستېمالدىكى ھەرقايسى ھالقىلارنى كۈچەپ تۇتاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدە چوڭ ئايلىنىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، دۆلەت ئىچى ـ خەلقئارا قوش ئايلىنىش، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەتتە دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەتكە قاتنىشىشتىكى يېڭى ئەۋزەللىكىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر خەلقئارادا قورۇقچىلىق پىكىر ئېقىمى ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، لېكىن بىز تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشىمىز، ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش، ئورتاق پايدا ئېلىش كۆڭۈل ـ كۆكسىمىز بىلەن تەرەققىياتنى پىلانلاپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىنىڭ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، ئومۇم مەنپەئەتدار، تەڭپۇڭ، ئورتاق پايدا ئېلىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىخەتەر تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىخەتەر تەرەققىيات تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، مۇناسىۋەتلىك كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2020 ـ يىلغا بارغاندا دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىش، رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي نامراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش پارتىيەمىزنىڭ خەلققە، تارىخقا بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى. ھازىر، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يەنە 52 نامرات ناھىيەنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلمىدى، 2707 نامرات كەنت نامرات كەنتلەر قاتارىدىن چىقىرىلمىدى، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىلەر نامراتلىقتىن تولۇق قۇتۇلۇپ بولالمىدى. گەرچە ئىلگىرىككە سېلىشتۇرغاندا ئومۇمىي مىقدارى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسى نامراتنىڭ نامرىتى، قىيىننىڭ قىيىنى بولۇپ، يېڭىش ئەڭ تەس بولغان قاتتىق قىيىنچىلىق. بىز يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن پايدىسىز تەسىرنى تىرىشىپ يېڭىپ، تېخىمۇ جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» بىزنىڭ تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشىمىزدىكى مۇھىم كاپالەت. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ يۆلەپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، كۆمۈر، توك، نېفىت، گاز بىلەن بىخەتەر، مۇقىم تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەتكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «مۇقىملاشتۇرۇش» ۋە «كاپالەتلەندۈرۈش» ئاساسىدا پائال ئىلگىرىلەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىزگە ئوخشاش 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسى بار چوڭ دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇللۇق ئورنىغا ھەرقانداق ۋاقىتتا سەل قاراشقا ۋە ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، قولدا ئاشلىق بولسا، كۆڭۈل خاتىرجەم بولۇش ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەقىقەت. بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى شۇنچە ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدە باشتىن ـ ئاخىر مۇقىملىق ساقلاندى، ئاشلىق ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىلەن مۇقىم تەمىنلەشنىڭ تۆھپىسىگە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئالدى، ئاشلىق زاپىسى يېتەرلىك بولدى، ئاشلىق ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشقا تامامەن قۇربى يېتىدۇ. يېڭى ۋەزىيەتتە، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىش، نۇقتىلىق ھالدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى قۇرۇلمىسى، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيەسى جەھەتتىن كۈچەش كېرەك. ئاشلىق قاتارلىق ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، «ئاشلىق»قا ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى بويىچە باھالاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاشلىق بازىرىدىكى باھانى كۆزىتىش ۋە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەرگە باغلاش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاش» ئىستراتېگىيەسىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىش كېرەك. چوشقا گۆشى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تېرىك چوشقا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۆلكىلەر باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئافرىقا چوشقا ۋاباسى قاتارلىق زور ھايۋانات يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، «كۆك ـ تاق» مەھسۇلاتلىرىنى مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئورۇنلاشتۇرۇش بىر ئۇلۇش بولسا، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توققۇز ئۇلۇش بولىدۇ. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى تەرەپلەر دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشىغا يۈزلەنگەندە كۆڭلىدە سان بولۇشى، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە سىياسەت تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كەم ـ كوتىسىز ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ھەمكارلىشىش ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، سىياسەت تەدبىرلەرنىڭ جانلىقلىقى، ماسلىشىشچانلىقى، يۈرۈشلەشتۈرۈشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ ئەڭ زور سىياسەت ـ ئۈنۈم ئېففېكتىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ كۈچ ۋە بايلىقنى ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈرۈپ، ئەمەلىي تۆھپە يارىتىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، لىيۇ خې، جاڭ چىڭلى، لى بىن، خې لىفېڭ، گاۋ يۈنلۇڭ قاتارلىقلار بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنىغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، غەلىبە قىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا دائىر قانۇن چىقىرىش ۋە نازارەت قىلىشنى ھەققىي كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈزەش سىستېمىسى ۋە تۈزەش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، بۇلغىنىشنى دەل جايىدا تۈزەپ، بۇلغىنىشنى ئىلمىي تۈزەپ، بۇلغىنىشنى قانۇن بويىچە تۈزەپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى يۇقىرى سەۋىيەدە ئاسراش ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېشىل ئاساسىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

ۋەكىل نەيىم ياسىن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا 2019 ـ يىللىق ۋە بۇ يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەر ئومۇميۈزلۈك ئەسلەپ ئۆتۈلۈپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىگە ئىلمىي ھۆكۈم قىلىنىپ، قىيىنچىلىق، خىرىسلار چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، نىشان ـ ۋەزىپىلەر ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا بېكىتىلگەن بولۇپ، راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەيدىغان ياخشى دوكلات بولۇپتۇ، مەن تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن. ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئاساسىي تەرىپى ئۆزگەرمىدى، يۇقۇمنىڭ زەربىسى قىسقا مۇددەتلىك، ئومۇمىي جەھەتتىن كونترول قىلغىلى بولىدۇ، پەقەت بىز بېسىمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، خەۋپ ـ خەتەرنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، سىياسەتنى تەڭشەش ـ تىزگىنلەش سالمىقىنى زورايتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويساقلا، بۇ يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايمىز. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا بىۋاستە يۈزلىنىپ، دادىللىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

ۋەكىل شى داگاڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى تامامەن قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئۆتكەن بىر يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قىيىنچىلىقنى تېخىمۇ تولۇقراق مۆلچەرلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردە غەربىي قىسمنى كەڭ ئېچىشنى ئالغا سىلجىتىش ۋە ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى رايونلاردا ئەركىن سودا سىناق رايونى ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوننى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ۋەكىل لى ۋېي مۇنداق دېدى: بۇلتۇردىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا يېڭى زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئەۋزەللىكى تولۇق نامايان قىلىندى، جۇڭگو كۈچى، جۇڭگو روھى، جۇڭگو ئۈنۈمى نامايان قىلىندى. تۈزۈم ئەۋزەللىكىمىز ۋە سىياسىي ئەۋزەللىكىمىزنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇختا، ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تاماملاش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

ۋەكىل لو دۇڭچۇەن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ھەققەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەلىپتۇ، نىشان ئېنىق بولۇپتۇ، مەن تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا پائال نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۈزلۈكسىز تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئىلگىرىلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ۋەكىل غانىبات سابۇكەي مۇنداق دېدى: مەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن. بۇلتۇردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بەردى، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە مۇھىم ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى، خەلق تۇرمۇشى سىجىل ياخشىلاندى، ئاممىۋى ئاساس يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى دەۋردە غەربىي قىسمنى كەڭ ئېچىشتا يېڭى ئەندىزە شەكىللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرى يېڭى تارىخىي پۇرسەت، چوقۇم بۇ پۇرسەتنى ياخشى ئىگىلەپ، دادىللىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئېلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك.

ۋەكىل جۇ خەيلۇن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتقا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئەمەلىي، ئىخچام، ئەمەلىيەتچىل، يېڭىلىق يارىتىشچان بولۇپتۇ، مۇھىم نۇقتىلار گەۋدىلەندۈرۈلۈپتۇ، مەن تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن. باش شۇجى شى جىنپىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىگە ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، يۇقۇم تېز كونترول قىلىندى، نەتىجىلەر ئاسان قولغا كەلمىدى، جاپالىق تىرىشىشتىن كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل ئىناق، مۇقىم بولۇپ، مۇقىملىق پايدىسى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلدى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىشەنچى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنىڭ كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، ئىرادىنى چىڭىتىپ، قەتئىي ئىرادىنى ساقلاپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا بېكىتىلگەن نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى چۆرىدەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

ۋەكىل ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسى تولۇق نامايان قىلىنىپتۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ مەسىلىلەر ئويلىشىلغان، تەدبىر چىقىرىلغان ياخشى دوكلات بولۇپتۇ، بۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا ئىنتىپاقلاشتۇرۇشقا پايدىلىق، مەن تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن. بىز قەتئىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى قەتئىي قوغداپ، ئۆز رولىمىزنى ھەققىي ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىغا پارتىيەنىڭ ساداسىنى يەتكۈزۈپ، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشىمىز كېرەك.

قەيسەر ئابدۇكېرىم، چېن لىياڭ، قۇرماش سېرجان، زۇمرەت ئوبۇل، دىلشات قېدىرقان، ئېرجان جۇۋانقان، يوۋ لياڭيىڭ، جاڭ شىن، قۇربان نىياز، گو شياۋخۇڭ، ۋاڭ يەنچىڭ، مېھراي ئىبراھىم، مەمتىمىن قادىر ۋە ۋاڭ گاڭ، مۇقىيات جارمۇقامېت، نىياز ھاشىم، سۈي جيۈشيۇ، مۇسا مەمەت، لىيۇ باۋزىڭ، جاڭ يەن، رىيزا باغدۇۋلېت، جۇ شۈيۇڭ قاتارلىق ۋەكىللەر سۆزدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى قۇۋۋەتلەيمىز. ئۆتكەن بىر يىلدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاپالىق مىسلىسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، پۈتۈن يىللىق ئاساسلىق نىشان ـ ۋەزىپىلەر ئورۇندىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئاساس سېلىندى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، خىرىسقا بىۋاستە يۈزلىنىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، پۈتۈن يىللىق ئاساسىي نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ تاماملاپ، دۆلىتىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.